## 106577 ـ تاۋاپ بىلەن سەئيىنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان بەلگىلەنگەن ۋاقىت بارمۇ؟

### سۇئال

تاۋاپ بىلەن سەئيىنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان بەلگىلەنگەن ۋاقىت بارمۇ؟. بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل ماختاشلار ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا، ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا، ساھابىلىرىغا ئاللاھ تائالانىڭ رەھمەت ـ سالاملىرى بولسۇن.

تاۋاپ بىلەن سەئيىنىڭ ئارىسىنى ئايرىيدىغان بەلگىلەنگەن ۋاقىت يوق، تاۋاپنى قىلىپ بولۇپلا سەئيىنى قىلىش شەرت ئەمەس، ھەقىقەتەن پەيغەمبەرئەلەيھىسسالام تاۋاپ بىلەن سەئيىنى ئارقىمۇ ـ ئارقا قىلغان بولسىمۇ، لېكىن تاۋاپنى ئەتتىگەندە قىلىپ سەئيىنى كەچتە قىلسىمۇ بولىدۇ، ياكى تاۋاپنى قىلىۋېتىپ سەئيىنى بىر ـ ئىككى كۈندىن كېيىن قىلسىمۇ بولىدۇ، بۇنىڭدا خاتالىق بولمايدۇ، چۈنكى ئارقىمۇ ـ ئارقىدىن ئۇلاپ قىلىش پەرىز ياكى ۋاجىب ئەمەس". ["ئىبنى ئۇسەيمىن پەتىۋالار مەجمۇئەسى"22-توم 421-بەت].